دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ئۆزۈمدىن باشلايمەن

□ شىنجاڭ غەربىي تىيانشان دۆلەت ئورمىنىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى مەمەتئىمىن ئابدۇللا

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان، پارتىيە ئۇزاق يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىر. ئوقۇشتىن تارتىپ خىزمەت قىلىشقىچە، باشتىن - ئاخىر پارتىيە تەشكىلىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشتىم، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا بولغان چوڭقۇر، سەمىمىي غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىر شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تۇرمۇشىمىزدا بىر قەۋەتلىك كىچىك ئۆيدىن ئازادە بىنا ئۆيگىچە، ئېگىز - پەس، ئوڭغۇل - دوڭغۇل توپا يولدىن تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول، ئاسفالت يولغىچە، بىپايان چۆللۈكتىن بوستانلىققا ئايلىنىشقىچە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى، داۋالىنىش كاپالىتى، تۇرالغۇ تولۇقلىمىسى قاتارلىق ھەقىقىي ئەمەلىي بولغان خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدۇم. دەل مۇشۇلارغا گۇۋاھ بولغانلىقىم ۋە ئۇنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، مەن مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ مۇنبەت تۇپراقنى تېخىمۇ سۆيىمەن، پارتىيە ۋە دۆلەتكە تېخىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

خەۋەردىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىنى كۆردۈم. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتى. ھەربىر جۇڭگولۇق بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدا پەيدا قىلغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ يەل بېرىشكە ئۇرۇندى، بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ۋە جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ، دۆلىتىمىزنى توسۇشقا، پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى چوقۇم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئاخىرى ھامان تارىخنىڭ كۆلىكىسىگە قالىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۆيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ.

شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. شىنجاڭ ئىلگىرى ئەسەبىزىم، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايون زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بەردى، بۇ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا ئۈچ يىلدىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا پۈتۈن يەر شارىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ قانات يايدۇرغان تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى قانۇنچىللىق روھى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن.

خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىجابىي باھا بەردى. بۇ يىل 3 - ئايدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى كېڭىشى قارار ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ماختىدى. 7 - ئايدا، 50 نەچچە دۆلەتنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئالىي خاس خادىمىغا بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىغا ئىجابىي باھا بەردى. 10 - ئايدا، 60تىن ئارتۇق دۆلەت 74 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى 3 - كومىتېتى يىغىنى مەزگىلىدە بەس - بەستە سۆز قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ غايەت زور كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتىنى تەرىپلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدە قوسۇر تېپىشى پاكىتقا پۈتۈنلەي خىلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىم خەلق رايىغا پۈتۈنلەي خىلاپ.

جۇڭگو قانۇنچىل دۆلەت، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىش جەريانىدا، باشتىن - ئاخىر پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تۈردە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشنى كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈردى ھەم ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى تايانچ ئەزالىرى ۋە تېررورلۇق پائالىيىتى جىنايەتچىلىرىنى قاتتىق جازالاپ، ئەڭ زور چەكتە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ يەنە مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ياردەم بېرىش، يۆلەش، تەربىيەلەش، ماھارەت ئۆگىتىش ئارقىلىق، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايى قىلمىشى بار مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەربىيەلەپ، قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى ۋە قۇربانى بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى، ئامېرىكا تەرەپ ئېيتقاندەك «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش» مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشتەك رەزىل سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش مۇساپىسىدە، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق بولغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان دىنلار مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى، راۋاجلاندۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى. ھازىر شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ، دىنلار ئېجىل - رايىش، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئىتتىپاقلاشتى، بۇ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللەنگەن تەرەققىيات مەزگىلىگە مەنسۇپ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق كۈچ گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ!

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەر مىللەت خەلق قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، ھەر مىللەت خەلق شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، گۈللىنىشىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ؛ مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بىرلىكتە ئىتتىپاقلاشقان ھەر مىللەت خەلق ھەرقانداق دۈشمەن كۈچلەرگە شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرۇش پۇرسىتى بەرمەيدۇ. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق، گۈللەنگەن شىنجاڭ قۇرۇش، بىز چىن يۈرەكتىن سۆيىدىغان بۇ ئىللىق تۇپراقنى ياخشى چىڭ ساقلاش ئىقتىدارىمىز بار.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرىنچى سەپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن چوقۇم مەيدانىمنى مۇستەھكەملەپ، چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق ئالدىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، «ئىككى يۈزلىمىچىلىك» «ئىككى يۈزلىمىچى»لەرنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىمەن. جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئىدىيەدە خەلقنى كۆزلەيمەن، ھەرىكەتتە ئەمەلىيەتچىل بولىمەن. بولۇپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە، پەقەت ئاممىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ئويلىغاندىلا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسىنى تۇتۇپ، ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېھتىياجلىق كىشىلەر توپىنى تۇتۇپ، ئىشلارنى بىر ئىشتىن - بىر ئىشتىن بېجىرگەندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغىلى بولىدۇ.

ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باشلامچىلىق بىلەن ئائىلە ئەزالىرىمنى ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرىمنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق سۆزلەرنى كۆپرەك دېيىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، تىرىشىپ ياخشى ئائىلە كەيپىياتى بەرپا قىلىمەن. ئۆزۈمدىكى ئاكتىپ كۈچ ئارقىلىق ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغدايمەن.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى سىياسىتى خەلق ئاممىسىغا بەختلىك تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى، بىز ھېچكىمنىڭ تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويمايمىز. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىشىدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىدا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز. شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

# شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش خام خىيالدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ ئۈلۈغچات ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم سىيار قالىبىن

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى جاھىللىق بىلەن ماقۇللىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلغانلىق. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالماي، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى - شىمالىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭدىكى تىنچ - ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئالماي، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختىپەز، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. شىنجاڭدا ياشاۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا قاتناشقۇچى، باشتىن كەچۈرگۈچى، گۇۋاھچى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كۈچلۈك قوغداپ، ئەڭ زور دەرىجىدە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش تېررورىزمغا زەربە بېرىشنىڭ ھەققانىيلىقىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىككە بولغان سەممىي ئارزۇسىنى قاندۇردى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغدىدى، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش مۇساپىسىدە، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق بولغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، ھەر مىللەت خەلق ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق ساھەلەردە ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

شىنجاڭنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەجرىبىلىرى قوبۇل قىلىنىش، ئۆرنەك قىلىنىش بىلەن بىللە، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇپ، تۈرلۈك چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىشتىن قول سېلىنىپ، تېررورىزمغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىلىپ، ھەر مىللەت خەلقنى تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن ساقلاشقا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىنىپ، بىر يۈرۈش تەجرىبە ۋە ئۈنۈملۈك چارە شەكىللەندۈرۈلدى. ھازىر، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ روھىي قىياپىتى يېڭىلاندى، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشنى پائال قوغلىشىدىغان، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ئاڭلىق چەكلەيدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى كۈنسېرى قويۇقلاشتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۈمىدكە تولۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

لېكىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار رەزىل مەقسەتتە قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، ئۆكتەملىك بىلەن ئەيىبلەپ، قىلچە ئاساسسىز، ھەقىقىي ئەھۋالدىن چەتنىگەن بىمەنە سۆزلەرنى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىغا كۈچىنىڭ بارىچە داغ تەگكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭغا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى قەتئىي قوشۇلمايدۇ، قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى خەلقئارا ئەخلاق - ھەققانىيلىق ۋە ئىنسانىي ۋىجدانىغا ئېغىر خىلاپ، بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىيەتچى كىشىلەر بۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ قوش ئۆلچىمى ۋە ساختىپەز ئەپت - بەشىرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق كۆردى.

شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىدا باشقىلارنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان رېئاللىقىنىڭ دېگىنى ھېساب، مەن ئىپتىخارلىق بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك بۇنداق تولۇپ تاشمىغان. شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە ئامېرىكا تەرەپنىڭ كەلسە - كەلمەس قول تىقىشى، بىلجىرلىشى ھاجەتسىز، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش خام خىيالدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

(بېشى 1 - بەتتە)

باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ كونا ھىيلە - مىكرىنى تەكرارلىشى ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە مەسىلىسىدىكى ئۈچىغا چىققان ساختىپەزلىكىنى ۋە ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە قوللانغان بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى دەل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈندۇر، ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىشى، ئەكسىچە قالايمىقان بىلجىرلىشى، قول تىقىشى «كىشىلىك ھوقۇق»نى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇغانلىق!

تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى! شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان - تېررورچى كۈچلەر شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى پىلانلاپ ھەم تەشكىللەپ سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، ئىنسانلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئىنتايىن زور توسقۇنلۇق قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىدىن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. سوراپ باقايلى! قايسى بىر دۆلەت، قايسى بىر رايون تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ يامرىشىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىغا قاراپ تۇرالايدۇ؟

كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى ئالدىدا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈچلۈك ساداسى ئالدىدا، شىنجاڭ مەۋقەنى رېئال ئەھۋالغا قويۇپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن، قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار تەربىيەلەنگۈچىلەرگە قانۇن بىلىملىرىنى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ۋە كەسپىي ماھارەتنى ئۆگەتتى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆيىگە قەرەللىك قايتالايدۇ، ئىشى بولسا رۇخسەت سورىيالايدۇ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ئەركىنلىكى بار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇق - مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. نۆۋەتتە، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش»كە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى، يامان ئەمەس كىرىمگە ئىگە بولدى، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلىدى، نۇرغۇن ئائىلىلەر بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. لېكىن، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، بىزنى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلدى دەپ ئەيىبلىدى، بۇ ھەقىقەتەن ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك. ئەجەبا ئامېرىكىدىكى بۇ سىياسەتۋازلار تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە كۈشكۈرتۈشىگە ئۇچرىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزىدىغان تۇيۇق يولغا ماڭغۇزۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتى بىلەن بەدەل تۆلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېنىق بىلمەمدۇ؟ بۇنى كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش دېگىلى بولامدۇ؟

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو( ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالىنىش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىدا يېڭى نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. شىنجاڭ قوللانغان تۈرلۈك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ھەر مىللەت ئامما چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەيدۇ. سوراپ باقايلى! ئەگەر «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلمىسا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بوشلۇقى يوقىتىلمىسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇشى بولامتى؟

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چوقۇم كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئامېرىكىدىكى بۇ سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قۇترىتقۇلۇق قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشتەك رەزىل سۇيىقەستىنى ئېنىق تونۇشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن تەنتەنىلىك ۋەدە بېرىمەنكى: بايرىقىم روشەن ھالدا شىنجاڭغا بوھتان چاپلاش، قارا چاپلاش، دۆلەتنى پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش قىلمىشلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن!